شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# 8 مىنۇت 21 سېكۇنت! «مىنۇت ئىچىدە يەتكۈزۈش» رېكورتىنى بۇزۇشنىڭ ئارقىسىدا

كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش · كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ①

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز سۇ لۈپىڭ، جاۋ شيا

8 مىنۇت 21 سېكۇنت! جىڭدۇڭ شىنجاڭدا بۇ كارخانىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «مىنۇت ئىچىدە يەتكۈزۈش»تىكى بىر تۈرلۈك رېكورتىنى يېڭىلىدى!

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سائەت نۆلدە، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى لى فاڭ (ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم) مائۇسنى چېكىپ مال سېتىۋېلىپ، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئىشىك چەككەن ئاۋاز ئاڭلاندى، تېز يەتكۈزۈش خادىمى ئۇ ھېلىلا زاكاز قىلغان بىر يەشىك مىنېرال سۈنى ئەكېلىپ بەردى. زاكاز چۈشۈرۈشتىن تاپشۇرۇۋېلىشقىچە پۈتۈن مۇساپىگە پەقەت قىسقىغىنا 8 مىنۇت 21 سېكۇنت كەتتى.

8 مىنۇت 21 سېكۇنتتا يەتكۈزۈشنىڭ ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ رەقەملىك ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى ئۆزگىرىشچانلىقنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

ئەقلىي ئىقتىدار، چوڭ سانلىق مەلۇمات، بۇلۇت ھېسابلاش، رايون زەنجىرى، 5G قاتارلىق تېخنىكىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرى ھەم تېز يەتكۈزۈش شىركەتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاقىل ئەشيا ئوبوروتى ساھەسىنى پائال ئورۇنلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ئەمگەك كۆپ جۇغلىشىدىغان تىپتىن تېخنىكا كۆپ جۇغلىشىدىغان تىپقا ئۆزگەردى، چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش، مۆلچەرلەش، ئالدىن مال تەييارلاش، بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەر جىڭدۇڭ، ئالى، ۋېيپيىنخۇي، سۇنىڭ يىگوۇ قاتارلىق بارغانسېرى كۆپ ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

مۇخبىرلار ئۈرۈمچى شەھىرى مەرھابا يولىغا جايلاشقان جىڭدۇڭ ئۈرۈمچى يەرلىك ئىسكىلاتىدا، 80 مىڭ خىل تۈردىكى مالنىڭ تەرتىپلىك تىزىلغانلىقىنى، 1000دىن ئارتۇق خىزمەتچى خادىمنىڭ مال ئايرىش، ئوراش ئىشلىرىنى تېز قىلىۋاتقانلىقىنى، قول ھارۋىسى چاقىنىڭ ئاۋازى بىلەن پىلاستىرنى چاپلىغان ئاۋازنىڭ گىرەلىشىپ، كارىدوردا مال ئايرىغۇچىلارنىڭ ئالدىراش يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. «يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، جىڭدۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى زاكاز مىقدارى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30%تىن 40%كىچە ئاشتى.» جىڭدۇڭ غەربىي شىمال رايونى شىنجاڭ بۆلەك رايونىنىڭ كەسپىي باش دىرېكتورى ۋاڭ جيې مۇنداق دېدى: «مىنۇت ئىچىدە يەتكۈزۈش»نىڭ شىنجاڭدا رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىشى جىڭدۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئامبار ئەشيا ئوبوروتىنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن بولدى، «بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئېلېكترونلۇق سودا ۋە ئىستېمالچىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم ئىستېمال تۈگۈن نۇقتىسى، جىڭدۇڭ بۇ مەزگىلدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بازارلىق ماللارنى چوڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بويىچە تەھلىل قىلىپ ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئالدىن مال تەييارلاش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۈرۈمچى يەرلىك ئىسكىلاتىدا 2 مىليوندىن 3 مىليونغىچە مالنى زاپاس ساقلىدى، بۇ، شۇ جايدىكى ئابونىچىلارنىڭ 80% زاكازىنى قاندۇرالايدۇ.» چوڭ سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئالدىن مۆلچەرلىنىشچە، جىڭدۇڭ تاۋارلارنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش نۇقتىسىغا ئالدىن يەتكۈزۈپ، «مىنۇت دەرىجىلىك» يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

8 مىنۇت 21 سېكۇنتنىڭ ئارقىسىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن ياخشى تىجارەت - سودا مۇھىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ۋاڭ جيې مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، كارخانىلار مۇبادا قىيىنچىلىققا يولۇقسا، ئالاقىدار تارماقلار ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ، بىزگە ھەسسىلەپ ئىللىقلىق ھېس قىلدۇردى. شىنجاڭدىكى ئىستېمالچىلارغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىش بىز بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى».

كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچى بولسا، خىزمەتچىلەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولىدۇ. مۇخبىرلار ئامباردا 20 ياشلىق مال ئايرىغۇچى ياقۇپ زىكرىيانىڭ بىر قولىدا سانلىق مەلۇمات تېرمىنالىنى تۇتۇپ، بىر قولىدا قول ھارۋىسىنى تارتىپ، تېز قەدەمدە «يۈز ئاسراش يولى» دېگەن خەت چاپلانغان مال جازىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سەككىز مىنۇتتا بىر ئاپتوموبىل مالنى تولۇق سەپلەپ بولغانلىقىنى كۆردى، بۇلار جەمئىي تەخمىنەن 40 زاكاز، 60 پارچە تاۋار ئىدى. بىر تەرەپتىكى ئوراش خادىمى شۆ شياۋيۇ كودنى سكانىېرلاپ، زاكاز تالونىنى سېلىشتۇرۇپ، سوقۇلۇشنى پەسەيتىش يەل خالتىسىنى سېلىپ، پېچەتلەپ، يۈزتۇرا ئىمزا قويغۇچنى چاپلاپ، يەتكۈزۈش تاسمىسىغا سېلىپ، بىر پوسۇلكىنى ئون سېكۇنتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا تاماملاپ بولدى. ئامبارنىڭ يېنىدىكى ئايرىش مەركىزى بولۇپ، دېزىنفېكسىيەلەش، ئايرىش، ئامباردىن چىقىرىش ئارقىلىق تېز يوللانما پوسۇلكىلىرى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ. نۆۋەتتە، جىڭدۇڭ «ئاسىيا 1 - نومۇر» ئۈرۈمچى يەرلىك ئامبىرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى جىددىي ئىشلىنىۋاتقان بولۇپ، كېلەر يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈش مۆلچەرلەنمەكتە. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، بۇ شىركەت شىنجاڭدىكى بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئۆتەڭ مەيدانى قۇردى. «مەسىلەن، ئاقسۇ ئۆتەڭ مەيدانى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىئەندىن ئەۋەتىلگەن ماللار ئاقسۇغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلىدىغان بولدى، ئاقسۇدا شۇ كۈنى يەتكۈزۈلۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئەتراپتىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا ئىككىنچى كۈنى يەتكۈزۈلۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى» دېدى ۋاڭ جيې.

8 مىنۇت 21 سېكۇنتنىڭ كەينىدە نامايان بولغىنى رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسىپ، كاپىتال، تېخنىكا قاتارلىق ساھەلىرىگە ئېنېرگىيە ئاتا قىلىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كۆپ تەرەپنىڭ يۇغۇرۇلۇپ ئورتاق رىتىم ھاسىل قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدۇر.

جىڭدۇڭدىن باشقا، «ئالىبابا چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىنى شىنجاڭدا يەرلىكلەشتۈرۈش مۇلازىمەت مەركىزى»نىڭمۇ بۇ يىل ماكانلىشىشىدىن ئۈمىد بار. «كارخانىلارنى توپلاش، ئىختىساسلىقلارنى توپلاش، كەسىپلەرنى توپلاش ئارقىلىق، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئومۇمىي كەسىپ زەنجىرى مۇلازىمىتى بىلەن، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ قوشىمىز.» ئالىبابا چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا شىنجاڭ مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ CEOسى چېن چيەن مۇنداق تونۇشتۇردى: باش ئىشتاب تېخنىكا تەرەققىيات بۆلۈمى مەركەزنى تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەيدۇ ۋە ئەقلىي جەھەتتىن قوللايدۇ.» يىل ئىچىدە، ئالىبابا نەچچە مىڭ كىشىلىك چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تاماملاپ، شىنجاڭنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىختىساسلىقلار تىرەكلىكىگە ئىگە قىلىدۇ ھەم شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرى، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىغا نۇقتىلىق تۈرتكە بولىدۇ.

8 مىنۇت 21 سېكۇنتنىڭ كەينىدە نامايان بولغىنى شىنجاڭنىڭ توردىكى ئىقتىسادىنىڭ ياخشى تەرەققىي قىلغانلىقى، ئېلېكترونلۇق سودا ئىستېمالى دەرىجىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسكەنلىكىدۇر.

جىڭدۇڭنىڭ «18 - ئىيۇن يىل ئوتتۇرىسىدىكى مال سېتىۋېلىش بايرىمى رايون ئىستېمال دوكلاتى» سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، مال سېتىۋېلىش بايرىمىدا شىنجاڭدىكى زاكاز بەرگەن خېرىدارلارنىڭ سانى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن تەخمىنەن 43% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە 26 ياشتىن تۆۋەن خېرىدارلارنىڭ سانى 75%تىن ئارتۇق ئاشقان. شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسى ئۇچۇر باشقۇرۇش شۆيۈەنى ئېلېكترونلۇق سودا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، دوتسېنت گو جىنجۈڭ تەھلىل قىلىپ مۇنداق قارىدى: خېرىدارلارنىڭ ھېس قىلىشىنىڭ ئېشىشى، زاكاز بەرگەن خېرىدارلارنىڭ كۆپىيىشى ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئەسلىگە كېلىشى ۋە ئىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ سىجىل ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى ئىستېمال كۈلىمىنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىقىدەك ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆسۈۋاتقانلىقىدەك چوڭ يۈزلىنىشنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، شىنجاڭ ئاللىقاچان تەرەققىي قىلىپ تەرەققىيات دەرىجىسى خېلى يۇقىرى بولغان يېڭى مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندى، ئىستېمال كۈچىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئاشقانلىرىدىن يەنە شىنجاڭ خەلقىنىڭ قىزغىنلىقىمۇ بار، ئۆمرىڭىزدە بىر قېتىم شىنجاڭغا بېرىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز، بېرىپ باقسىڭىز بەلكىم مېھرىڭىزنى ئۈزەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن» دەپ خۇلاسىلىدى جىڭدۇڭ ھۆكۈمەت تەرەپ شىنجاڭنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرغاندا.

# شىنجاڭنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەھسۇلاتلىرى توردا بازار تاپتى

شىنجاڭ ياخشى جاي

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ خېيفېڭ

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ھەرقايسى چوڭ ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىلىرىنىڭ مال سېتىۋېلىش پائالىيىتى قىزىپ كەتتى. تاۋباۋ، جىڭدۇڭ، دوۋيىن قاتارلىق ئېلېكترونلۇق سودا ياكى بىۋاسىتە كۆرسىتىش سۇپىسىنىڭ APPسىنى ئېچىپ، «شىنجاڭنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» نى كىرگۈزسە، نەچچە يۈز خىل مەھسۇلات چىقىدۇ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتتىن تارتىپ ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، ئوقۇش قوراللىرى، چالغۇ ئەسۋابلار، ئائىلە بۇيۇملىرى... كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

2020 - يىللىق «مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار كۈنى» ۋە 8 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەپتىلىكى» پائالىيىتىدە، بۇ رەڭگارەڭ مودا مەھسۇلاتلارنىڭ توردىكى ۋە تور سىرتىدىكى سودىسى سىجىل قىزىدى. قەدىمىي غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قايتا ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، تۇرمۇشقا مول، كۆپ مەنبەلىك تۈس قوشتى.

## «كونا» نەرسىلەر مودىغا ئايلاندى

«بەتلىرى قەدىمكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ياسالغان قەغەز بولۇپ، مۇقاۋىسى مودا لايىھەلىنىپتۇ. بۇ خاتىرە دەپتەر ئىنتايىن ئۆزگىچە چىقىپتۇ، دوستلىرىم بەكلا ياخشى كۆردى.» تاۋباۋ توردا گۇاڭجوۋلۇق بىر خېرىدار يۇقىرىقى سۆزنى قالدۇردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھاسىلي مەھسۇلاتلىرىنىڭ ياخشى باھاغا ئېرىشىشى ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، تېخىمۇ كۆپ مودا ئامىللارنى قوشقانلىقىدىندۇر.

ئەتلەس توقۇش ھۈنىرى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى. چېڭ يىڭفېن شىنجاڭ ئەتلەسنى ئومۇملاشتۇرۇش تەتقىقات مەركىزىنىڭ لايىھەلەش باش نازارەتچىسى. 2014 - يىلىدىن ھازىرغىچە، ئۇ بېيجىڭ، شاڭخەي، شېنجېن قاتارلىق بەش - ئالتە شەھەردە ئون نەچچە مەيدان مودا كىيىم ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. «مەن ئەينى يىللاردىكى خەلقئارا مودا رەڭ ۋە مودا يۈزلىنىشكە ئاساسەن، ئەتلەس ئېلېمېنتىنى پىلاش، راھەت كىيىم، مۇراسىم كىيىمى، ئەرەنچە كىيىم، بالىلار كىيىمى، ھەتتا قول سومكىسى، يېپەك ياغلىق قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىغا ئىشلىتىمەن. قەدىمىي ئەتلەسنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ مودىغا ئايلاندۇرىمەن» دېدى چېڭ يىڭفېن.

مودىغا ئەگىشىپ قەدىمىي غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ «كونا» ئوبرازى ئۆزگەرتىلىپ، مودا تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇلدى. ياپلاقتىكى چارۋىچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ مورى قازاق كەشتىچىلىكى ھازىر ھەر خىل مودا سومكا، ياستۇق، ئائىلە بۇيۇملىرىغا ئىشلىتىلىپ، ياش ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

توقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئىچئېرىق بازىرى جاي كەنتى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان جاي، ھۈنەرۋەنلەر قەدىمىي شىنجاڭ مىللىي چالغۇلىرىنى ھەر خىل «كىچىك» ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى قىلىپ ياساپ، مەدەنىيەت تەركىبى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئۆيگە تىزىلىدىغان مودا زىننەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇردى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇنىڭ بازىرى ئىزچىل ئىتتىك بولماقتا.

## ۋارىسلىق قىلىش بازىسى «توردا ئالقىشلانغان» مەنزىرە نۇقتىسىغا ئايلاندى

ھەربىر قەدىمىي غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ۋاستىسى بولۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرىي كۈچكە تولغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بازىسى يېڭى ساياھەت قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

خوتەن شەھىرىنىڭ جىيا يېزىسى داڭلىق ئەتلەس يۇرتى بولۇپ، 80 - 70 نەپەر غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ۋارىسى بار. ئەنئەنىۋى قولدا توقۇش ھۈنەرخانىلىرى، ئۆزگىچە بوغۇپ بوياش ھۈنىرى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىدى.

كۇچا چوڭ نېنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى، كۇچا شەھىرىنىڭ ئىشخلا بازىرى بىجاق كەنتى كۇچا چوڭ نېنىنىڭ ماكانى. 2013 - يىلى، شۇ جايدا كۇچا چوڭ نان شەھەرچىسى قۇرۇلۇپ، كۇچا نېنىنىڭ چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاساسى تولۇق نامايان قىلىندى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ يەر شۇ جاينىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىدىكى ئۆزگىچە نام كارتىسىغا ئايلىنىپ، ساياھەتچىلەر چوقۇم كېلىدىغان «توردا ئالقىشلانغان» مەنزىرە نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

قاراقاش ناھىيەسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسى ئۈجمە دەرىخى قوۋزىقى قەغىزى ماكانى، بۇ دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تۈرىگە تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىش، كېڭەيتىش ئۈچۈن، شۇ جاي «ئۈجمە دەرىخى قوۋزىقى قەغىزى كوچىسى»نى قۇردى، ئۈجمە دەرىخى قوۋزىقى قەغىزى ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ 50 نەچچە ۋارىسى بۇ يەرگە يىغىلدى. ساياھەتچىلەر بۇ قەدىمىي قەغەز ياساش ھۈنىرىنى ھېس قىلىپلا قالماي، يەنە قەدىمىي ھەم مودا ئۈجمە دەرىخى قوۋزىقى قەغىزى خاتىرە بۇيۇملىرىنى سېتىۋالالايدۇ.

شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى چوڭ ئۆلكىسى، نۇرغۇن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇردى، ساياھەت قىزغىنلىقىمۇ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىشكە كۈچ قوشتى.

## ئېلېكترونلۇق سودا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تۆمەنلىگەن ئائىلىلەرگە كىرىشىگە كۈچ قوشتى

بۇ قېتىمقى «مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار كۈنى»دە تۇنجى قېتىم «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مال سېتىۋېلىش بايرىمى» ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى، ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاسىتە كۆرسىتىش سۇپىسىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى پەردە ئارقىسىدىن ئالدىغا ئۆتۈپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ سېتىش ئەندىزىسىنى تۇنجى قېتىم قوللاندى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازاردىكى توردا ئالقىشلانغان «شىنجاڭ سوۋغاتلىرى» دۇكىنى تېخشۇن توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىشنى باشلىدى، كۆپلىگەن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى تۇنجى قېتىم تور ئارقىلىق تاماشىبىنلار بىلەن ھەمتۈرتكە بولدى، شىنجاڭ قەغەز قىيمىچىلىقىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى ۋاڭ گې ئۇلارنىڭ بىرى. «بۇ خىل ئۇسۇل غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەھسۇلاتلىرىغا بولغان دىققەت - ئېتىبارنى ئاشۇرۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنى، ھۈنەرۋەن روھنى تارقىتىپ، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق» دېدى ئۇ.

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى قەدىمكى ھۈنەر ھارارەتكە ۋە چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ خاسلىق ئېھتىياجىغا ماس كېلىدۇ. ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىستېمالچىلار ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھاسىلي مەھسۇلاتلىرىنى ناھايىتى ئاسانلا سېتىۋالالايدۇ. «مودا لايىھەلەنگەن خاتىرە دەپتەرلەر بەك كۆپ، بىراق ئۈجمە دەرىخى قوۋزىقى قەغىزىدىن ئىشلەنگەن خاتىرە دەپتەر شىنجاڭدىلا بار، يېرىك، سارغۇچ قەغەز يىللار تۇيغۇسىغا ئىگە، مەن توردىكى سودا شەھەرچىسىدە بۇنداق خاتىرە دەپتەردىن بەشنى سېتىۋېلىپ دوستلىرىمغا سوۋغا قىلدىم، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بەك ئۆزگىچە ئىكەن دېيىشتى!» شاڭخەيدىكى تورداش جاڭ فەن تاۋباۋدا شۇنداق سۆز قالدۇردى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھاسىلي مەھسۇلاتلىرى 1000 خىلدىن ئاشىدىغان بولۇپ، تور سۇپىسىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىن چىقىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىپ مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگە كىردى. «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى پۇقرالارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ، ‹جانلىق› ھالەتتىكى ۋارىسلىق قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ» دېدى ۋاڭ گې.

# ئادەتتىكى سۈرئەتلىك تۆمۈريولدا 6 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن باشلاپ ئېلېكترونلۇق يولۇچىلار بېلىتى ئىشلىتىلىدۇ

## شىنجاڭ تۆمۈريول ئېلېكترونلۇق يولۇچىلار بېلىتى بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋنىڭ جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە: 6 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن باشلاپ، شىنجاڭ تۆمۈريولدا ھازىر يولۇچى توشۇش كەسپىنى يولغا قويىۋاتقان ئادەتتىكى سۈرئەتلىك تۆمۈريول ۋوگزالى، بارلىق ئادەتتىكى سۈرئەتلىك يولۇچىلار نۆۋەتچى پويىزلىرىدا ئېلېكترونلۇق يولۇچىلار بېلىتى رەسمىي ئىشلىتىلىدىكەن، شۇ چاغدا، شىنجاڭ تۆمۈريولدا ئېلېكترونلۇق يولۇچىلار بېلىتى بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن.

ئېلېكترونلۇق يولۇچىلار بېلىتى يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا ئىنتايىن زور قولايلىق يارىتىدۇ. بېلەت سېتىۋېلىش جەھەتتە، يولۇچىلار ئالاقە تورى، ۋوگزال كۆزنىكى، ئاپتوماتىك بېلەت سېتىش ماشىنىسى ۋە ۋاكالىتەن بېلەت سېتىش نۇقتىسى قاتارلىق ھەرقايسى يوللار ئارقىلىق بېلەت سېتىۋالسا بولىدۇ، ئالاقە توردا بېلەت قايتۇرسا ۋە ئۆزگەرتسىمۇ بولىدۇ، ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپلا مەشغۇلاتنى تاماملىيالايدۇ. سەپەرگە چىقىش جەھەتتە، ۋوگزالغا كىرىپ - چىقىشتىكى بېلەت تەكشۈرۈش ئىسپاتى كۆچكە ئىگە سالاھىيەت كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشكە ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، «بىر كىنىشكا بىلەن يول يۈرۈش» ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، ھەقىقىي ئىسىم بويىچە تەكشۈرۈش، بېلەت تەكشۈرۈش، بېلەت تەكشۈرتۈش، ماشىنا ئارقىلىق بېلەت تەكشۈرۈش سۈرئىتى ئۈچ ھەسسە ئەتراپىدا ئاشۇرۇلۇپ، بېلەت تەكشۈرۈش ئوتتۇرىچە سۈرئىتى 3.8 سېكۇنت | ئادەمدىن 1.3 سېكۇنت | ئادەمگە قىسقارتىلىپ، ۋوگزالغا كىرىش - چىقىش ئۈنۈمى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ، يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىش ۋاقىت تەننەرخى تېجەپ قېلىنىدۇ، شۇنداقلا پويىز بېلىتىنى يىتتۈرۈپ قويۇش، ساختا بېلەت سېتىۋېلىش قاتارلىق خەۋپ - خەتەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىنىدۇ.

بۇ قېتىم شىنجاڭ تۆمۈريولدا جەمئىي 46 ئادەتتىكى سۈرئەتلىك تۆمۈريول ۋوگزالىدا ئېلېكترونلۇق يولۇچىلار بېلىتى يولغا قويۇلىدۇ، 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئېلېكترونلۇق يولۇچىلار بېلىتىنى ئۇڭۇشلۇق يولغا قويغان يەتتە يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول ۋوگزالىنى قوشقاندا، شىنجاڭ تۆمۈريولدا ئېلېكترونلۇق يولۇچىلار بېلىتى ئىشلىتىدىغان ۋوگزال 53كە يېتىدۇ.